# جىگدە تۈۋىدە

‹‹ھېكايە››

ئەخمەتجان ئوسمان ـــــ كۆلچى

ئېلكىتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكىتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكىتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

ـــــ توختاڭ! ماشىناڭنى توختات!

قىزنىڭ ئاۋازى ماشىنىنىلا ئەمەس يىگىتنىڭ خىيالىنىمۇ شىپپىدە توختىتىپ قويغانىدى.

ـــــ مېنى كىمگىگە ئوخشىتىپ قالدىڭ؟ ئۆيۈم كەينىمىزدە قالدى...

ـــــ بۆرىگە يولۇققاندەك قىلىپ كەتتىڭىزغۇ، ئۆتۈپ كەتكەن بولساق ئايلاندۇرۇپ كەلسەم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ـــــ مەشەدە چۈشۈپ قالىمەن. ياق، ئاۋۇ ياقتا چۈشۈرۈپ قويۇڭ...

قىز ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىشقا تەمشەلگەن ئاشۇ دەقىقىدە ماشىنا ئەينىكىدىن ئەپكەچتە سۈركۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بولغۇسى قېيىنانىسىنى كۆرۈپ قېلىپ جىددىيلىشىپ قالغانىدى.

ـــــ نەدە، ئۇدۇلىمىزدىكى كوچا ئېغىزىدا توختىسام بولامدۇ؟

ـــــ ماقۇل، ئادەم يوقراق يەردە توختاپ بېرىڭ!.

قىزنىڭ كاللىسىغا قورقۇنچلۇق خىيال كىرىۋالدى. قېيىنانىسىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ھېلىنىڭ ياقى سۈرگەن شېرىن خىياللىرى، تاتلىق ئارزۇلىرىنىڭ ئورنىنى ئاچچىق پۇشايمان بىلەن زەھەردەك تىل ئاھانەتلەر ئىگىلىمەكتە ئىدى.

ماشىنا توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۇدۇلدىكى كوچا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالغانىدى. قىز بولسا ھېلىغىچە شۇ خىيالدا، بىرلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، مەھەللىدىكى پىتنەخورلارنىڭ گەپ يورغۇلىتىشىدىن، شۇنداقلا پەيدا بولۇپ قالغان قىزىقىش سەۋەپلىك يىمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى.

قىز مۇنۇ ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ رەخت دۇكىنىغا بۈگۈن تۆت قېتىم كىرىپ چىقىپ كەتكەنىدى. قىز يىگىتنىڭ دۇكىنىغا بۇرۇنمۇ بىرقانچە قېتىم كىرگەن، لېكىن بۈگۈنكىدەك

قايتا ـ قايتىلاپ كىرمىگەن، تېزلا كىرىپ تېزلا قايتىپ چىققاندى. بۇگۈن ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقاندەك دۇكان ئەتراپىدىن ئەگىپ كېتەلمىدى. دۇكانغا ھەر قېتىم كىرگىنىدە ئۇ كۆرۈپ قويغان رەخت ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

قىز ناھىيە بازىرىنى بىرقانچە قېتىم ئارىلىغان بولسىمۇ مۇشۇ دۇكاندىن باشقا دۇكانلاردا ئۇ خىلدىكى رەختنى تاپالمىغاچقا دۇكانغا بەشىنچى قېتىم كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۇدۇل ھېلىقى رەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق قاراپلا كەينىگە ياندى. قىز ھەر يەكشەنبە كۈنى مۇشۇ دۇكانغا كىرىپ رەختكە قارايتتى. يانچۇقىنى تۇتاتتى. رەختنىڭ باھاسى بىلەن يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق بولغاچقا، لېۋىنى چىشلىگىنىچە كەينىگە ياناتتى.

ـــــ قايسى رەختكە كۆزىڭىز چۈشۈۋاتىدۇ؟

ـــــ ياق، مەن مۇنداقلا كىرىپ...

سودىگەر دۇكاننى تاقىغاچ قىزدىن سورىدى.

ـــــ سىز قايسى مەھەللىدىن؟

ـــــ تۆگمەنبېشىدىن.

ـــــ مەن دۆڭ مەھەللىدىن. يۈرۈڭ، ماشىنامغا سىلىۋالاي.

قىز دۇكاننىڭ يېنىدا توختۇتۇقلۇق پىكاپقا قاراپ ۋىللىدە قىزاردى. قىز ماشىنىنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سودىگەرگە «رەھمەت» دېگەندەك بىرخىل نەزەردە قاراپ، كەينىگە بۇرۇلۇشىغا سودىگەر ئۇنى چاقىردى.

ـــــ بۇ ياقتا كىلىڭ، ئەلدىن ئەلگە نەپ، يولىمىز بىرئىكەن، پىيادە ماڭغۇچە چىقىۋېلىڭ...

قىز ھارغىنلىقىغا، تېرەكتۇرغا، تۆت تونىنلىق ماشىنىنىڭ كۈزۈپىغا ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ ھېلىغىچە بۇنداق كاتتا ماشىنىغا چىقىپ باقمىغان ئىدى.

قىز خىجىللىق، ئىككىلىنىش، ۋە يەنە بىرخىل قىزىقىش ئىلكىدە ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ماشىنا تېرەكتۇردەك قوپال ئەمەس ئىدى. يۇلۇڭ ماشىنىلىرىغا ئوخشاش سىلكىنمەيتتى. قىز سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ مېڭىۋاتقىنى ماشىنىمۇ ياكى يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ پەرىق قىلالمايۋاتاتتى. قىز ماشىنا ئىچىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ـ ئۆيىدە، ياق ئۆيىدىكى قېلىن كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەر قىزنىڭ كەينىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا ئىچىدىن قىز ئاڭلاپ باقمىغان، يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىپ، كۆڭۈلنى لەرزىگە سالىدىغان يېنىك مۇزىكا ياڭرايتتى.

ـــــ ئىسمىڭىزنى سورىۋالسام بولامدۇ؟

ـــــ ئىسمىم ئالىيە، سىزنىڭچۇ؟

ـــــ مۇستاپا...

قىز خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئەنە، قىز قىپقىزىل توي كىيىمنى كىيىپ ئېرىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ بەخت مەنزىلىگە قاراپ كېتىپ بارىدۇ. يېپيېڭى ئۆي، يېپيېڭى يوتقان ـ كۆرپە، يېپيېڭى قازان ـ چۆمۈچ....

قىز ئىشلىمەكتە، ئېرى كەتمەن چاپماقتا، ھويلىسىدا قوزىلار، ئوغلاقلار، توخۇ ـ كەپتەرلەر قىيغىتىپ ئوينىماقتا...

قىز كالىسىنى سېغىپ سۈتنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزدى، توختامىلىشىپ قويغانلارنىڭ نېسىۋىسىنى ئايرىپ قويۇپ قالغىنىنى قاينىتىپ قېتىق سالدى. قېتىق پۇل، تۇخۇم پۇل، توخۇ پۇل، كەپتەر پۇل، باچكا پۇل....

ئېتىزدا ياپ ـ يېشىل كۆكتات، بۇغداي، قوناق، ئاۋۇ تەرەپتىكى كېۋەزلىرىمۇ ئوخشىدى....

ئەنە، ئەر ـ ئايال ئىككىسى جاپانىڭ راھىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ماشىنا سېتىۋالماقچى. ماشىنا سېتىۋالسا يول قىسقىرايدۇ. يول قىسقىرىسا ھويلىدىكىنى، ئۆگزىدىكىنى، ئېتىزدىكىنى، باغدىكىنى، تاغدىكىنى يىراق يېقىنغا ئاپىرىپ ساتقىلى، تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالغىلى بولىدۇ...

قىز ئېرىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلغىنىچە ماشىنا بازىرىنى ئارىلىماقتا، ئەنە، قىزنىڭ مەھەللىسىدە ناگان ـ ناگاندا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان، رەڭگا ـ رەڭ ئەتىۋارلىق ماشىنىلار خېرىدارىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ...

قىز ئولتۇرغان ماشىنا يېزا يولىنى بىر ئايلىنىپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ بۇرۇلدى. قىز بىئارامىلىق ئىلكىدە ئەتراپقا قارايتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى ماشىنىدىن غىپپىدە چۈشۈپلىش ئۈچۈن خالىراق، ئادەم يوقراق يەرنى ئىزدەيتتى. ‹‹قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ›› دېگەندەك يولدا ئۇيانىدىن ـ بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. ھارۋىلىقلار، پىيادىلىكلەر، ۋېلىسىپت ـ موتسىكلىت مىنىۋالغانلار، ئالىتاغىل ناخشا توۋلاپ، مايماق دەسسەپ كېتىۋاتقان مەستلەر ھېلىدىن ھېلىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

‹‹قانداق قىلارمەن؟ ماشىنىدىن چۈشكىنىمنى بىرەرسى كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟، ئۇ كىم، سېنىڭ نىمەڭ؟ دەپ سوراپ قالسا قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟ خەق چوقۇم سۆز ـ چۆچەك قىلىدۇ. خەپ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟...››

قىز خىيال سۈرمەكتە، ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىغىنىچە يولدىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ بىرەمىلىككە بولسىمۇ قارىغۇ بولۇپ قېلىشىنى تىلىمەكتە، ماشىنا تېز سۈرئەتتە ئالدىغا قاراپ ماڭماقتا. مۈزىكا يېڭلانماقتا، قىزنىڭ قورقۇنچىسى ھەسسىلەپ ئاشماقتا...

‹‹ خەپ، نىمىشقا چىققاندىمەن. يىمگەن مانتىغا پۇل تۆلەپ يۈرەرمەنمۇ ئەمدى؟ ئىككى پۇتۇمغا تايىنىپ مېڭىپ كەتمەي نىمىشقىمۇ مۇنۇ قوتۇر ماشىنىغا چىقىپ بىقىشنى ئويلاپ قالغاندىمەن...››

ماشىنا ناھىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بازارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جىگدىلىككە كېلىپ

توختىدى.

ــــ مۇشۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى. ــــ دېدى يىگىت ماشىنا ئىچىدە روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك خىيالى ئولتۇرغان قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ. ــــ قېنى چۈشۈڭ، بەش ـ ئون مىنۇت ئولتۇرۇپ ئاندىن قايتايلى، ئۈنىڭغۇچە ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرمۇ ئازلاپ قالار.

ــــ ياق مەن چۈشمەيمەن، خەق كۆرۈپ قالىدۇ.

ــــ ئاۋۇ جىگدىلىككە كىرىپ كەتسەك ھېچكىم كۆرمەيدۇ. بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. بىرەرسى ئىزدەپ كەلگەن تەقدىردىمۇ تاپالمايدۇ...

ــــ ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە تېخىمۇ كىرمەيمەن. كىرگۈڭىز بولسا ئۆزىڭىز كىرىپ چىقىڭ! مەن ماشىنىڭىزدا ئولتۇرۇپ تۇراي.

ــــ نىمانداق قىلىدىغانسىز، سىزنى ئايىغانىڭ نەرى يامان؟ بىردەم ھال ـ مۇڭ بولساق، كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى دېيىشكەنگە تىلىڭىز ئۇپراپ كېتەمدۇ ـ يا؟

ــــ يامان بولىدۇ. يامان بولىدىغان تەرەپلىرىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟ ماشىنىڭىزغا ئولتۇرۇپ قويغانلىقىمنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتسام، يەنە نېمە قىلماقچى ئىدىڭىز؟ گېپىڭىز بولسا مۇشۇ يەردە دەۋېرىڭ، مېنىڭ ئۇ جىگدىلىككە كىرگۈم يوق.

ــــ ئىچىگە كىرمەيمىز. ئاۋۇ جىگدە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ بىردەم پاراڭلىشايلى. يول ئۈستىدە تۇرۇۋالساق... قاراڭ، ئاۋۇ تەرەپتىن بىر ماشىنا ئادەم كېلىۋاتىدۇ.

قىز بىرلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورقتىمۇ قانداق، ماشىنىدىن چۈشۈپ يىگىتنىڭ ئالدىدا جىگدىلىككە قاراپ يۈگۈردى.

ــــ بۇ ياققىراق كەلسىڭىزچۇ؟ ــ دېدى يىگىت ماشىنىسىدىن ئېلىۋالغان ئەدىيالنىڭ بۇرجىكىگە قۇشقاچتەك قونىۋالغان قىزنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ.

ــــ مېنى قويىۋېتىڭ. يات ئەرلەر يات قىزلارنى تۇتسا نامەھرەم بولىدۇ.

ــــ كىم بىزنى يات ئادەم دەيدۇ؟ ھەر يەكشەنبە سىزنى ئويلاپ ئولتۇرسام خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋېلىپ مېنى كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك، ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىۋاتقان باغرىمغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك دۇكىنىمغا كىرىسىز. بىراق دىۋانىگە سەدىقە بەرگەندەك قانداق تېزلىكتە كىرگەن بولسىڭىز يەنە شۇنداق تېزلىكتە چىقىپ كېتىسىز. مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم. ئوڭۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ سىزنى ئويلايمەن. ھەر قېتىم دۇكىنىمغا كىرگىنىڭىزدە ئۇزاقراق تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە گەپ قىلىشنى، يېقىنچىلىق قىلىشنى ئويلىسامىمۇ خېرىدارلارنىڭ ئالدىدا چىشىمنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىمەن. بۈگۈن پۇرسەت كەپتۇ. مانا بۇ تەغدىر، مانا بۇ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى. بىلەمسىز، شۇ تاپتا مەن تەقدىرىمنىڭ سىزنى كىچىكتۇرۇپ ئۇچراشتۇرغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

ـــــ منى مۇشۇ گەپلەرنى دېيىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقارغانمۇ؟ مۇشۇنداق گەپلەرگە گول بولىدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز خاتالىشىپسىز. مىنىڭ يىگىتىم بار. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن توي قىلىمىز. بايا كاللام قىزىپ ماشىنىڭىزغا چىقىپ ساپتىمەن. بۇ مېنىڭ باشقىچە نىيەتتە بولغانلىقىمدىن ئەمەس، يولدا قېينانامنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. ماشىنىڭىزغا چىقىشتىن بۇرۇن مەھەللىگە بارغاندا قانداق چۈشەرمەن دېگەننى ئويلىمىغاننىڭ جاجىسىنى يەۋاتىمەن. مانا ھازىر ماشىنىڭىزغا چىققىنىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، بۇ ئىشلارنىڭ يىگىتىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ماشىنىڭىزدىن چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ «بۇ بىر ئەخمەق قىزئىكەن، نېمە دېسەم ماقۇل دەيدىغان چېغى» دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟ خاتالىشىپسىز، مەن سىز ئويلىغاندەك قىزلاردىن ئەمەس.

ـــــ توي قىلغانلارمۇ ئاجرىشىپ كېتىدىغۇ، چاي ئىچكۈزگەنگە نېمە بوپتۇ. مەن سىزنى ئالاي، بىز توي قىلايلى. ئەتىلا ئۆيىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزەي...

ـــــ بۇنداق قىلماڭ. مېنى قويۇۋېتىڭ. خۇدا يولىدا مېنى قويۇپ بېرىڭ...

ـــــ بىر قېتىم، مۇشۇ بىرقېتىملا سۆيىۋالاي. پېشانىڭىزغا بولسىمۇ سۆيىۋالاي... ماقۇل دەڭ! بىز توي قىلايلى، مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن، سىزنى ئالدىمايمەن، مۇشۇ بىرلا قېتىم...

ـــــ ياق، ئۇنداق قىلماڭ. مېنى قويۇۋېتىڭ. ھېلى بىكار ۋاقىرايمەن. نىمە كۆرسەم مەيلى، مەن ۋاقىرايمەن....

يىگىت قىزنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئەلەمدىن قىزنىڭ توغاچتەك مەڭزى قارىداپ كەتكەن، ئالوچىدەك لېۋى نىلدەك كۆكىرىپ كەتكەن، كىيىكنىڭ كۆزىدەك شەھلا كۆزلىرى بولسا ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك قورقۇنۇچلۇق پارقىرايتتى.

ـــــ نىمشقا رەت قىلىسىز، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز ياكى ماڭا پەقەتلا مەيلىڭىز يوقمۇ؟

ـــــ مەن دېگەن بېشى باغلانغان قىز. ئەتە ئىرىمگە نىمە دەيمەن؟ ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ يەڭگەمگە، ئاپامغا نىمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟

يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە قارىدى. قىزنىڭ چېھرىدىكى گۈزەللىك ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك، قىزنىڭ كۆز قارچۇقىدا قەتئىيلىك، قورقۇنچ، يەنە ئاللا قانداق ئالامەتلەر ئۇچقۇنداۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەتراپ جىمجىت. قۇياش قاپقارا تاغ بىلەن ئورالغان بۇ زېمىنغا قىزىق ھارارىتىنى سەپمەكتە. جىگدە دەرىخىنىڭ بوز رەڭ ياپراقلىرى شامال چىللاۋاتقاندەك يىنىك تەۋرەنمەكتە ئىدى.

يىگىت قىزىق ھارارەتتىن بولكىدەك كۆپۈپ چىققان، ئاپئاق شور ئۆرلەپ كەتكەن تۇپراقتا ئۈۋۈا سالغان چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىزدىن سورىدى.

ـــــ راستىنلا ماڭا تەگمەمسىز؟ ماڭا ئازراقمۇ مەيلىڭىز يوق ئادەم نېمشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ خەقنىڭ چىپىنى ئېچكەن، خەق بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان ئادەم نېمشقا ھەر يەكشەنبە كۈنى دۇكىنىم ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈيسىز؟ نىمىشقا مەندىن يىراق تۇرمايسىز؟ ھەر يەكشەنبە كۈنى دۇكىنىمغا كىرىپ كۆڭلەمگە سايە تاشلاشتىكى مەخسىتىڭىز نىمە؟

ـــــ مەن دۇكىنىڭىزدىكى ھېلىقى ئەتلەسنى ياقتۇرۇپ قالغاندىم. بىر ئاغىنەم شۇ رەختتىن كۆينەك كىيىپتىكەن، مېنىڭمۇ كىيگۈم كەلگەنىدى. شۇڭا، ھەر يەكشەنبە دۇكىنىڭىزغا ‹‹شۇ ئەتلەس يەنە بارمىدۇ، ھازىر قانچە پۇلدىن سېتىلىۋاتقاندۇ، تۈگەپ كەتكەنمىدۇ›› دەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن باراتتىم. خەقنىڭ تالىشىپ ئېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ‹‹تۈگەپ كېتەرمۇ، تۈگەپ كەتسە يەنە كېلەرمۇ؟›› دەپ غەم قىلىپ قايتىپ چىقاتتىم. سېتىۋالاي دېسەم پۇلۇم كەملەيتتى. ئۆيدىن ئالاي دېسەم ئاتام دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاچقا پۇل سوراشقا تىلىم بارمىدى.

ـــــ ھېلىقى يىگىتىڭىزدىن سورىسىڭىز بولمامدۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزى ئالماقچى بولغان قىزغا بىر كىيىملىك رەختنى ئېلىپ بېرەلمەيدىغانلاردىن ئەمەس بولغىيدى؟

ـــــ تېخى توي قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ نەرسىسىنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟ دېمىدىم. تۈنۈگۈن ئاتام ياتاقتىن چىققانىدى. بۈگۈن شۇ رەخت بولسا كېلەركى يەكشەنبە كۈنى ئاتامدىن پۇل سوراي دەپ ئويلاپ دۇكىنىڭىزغا كىرگەن...

ـــــ ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز ئاشۇ دۇكاندىكى ھەممە نەرسە سىزنىڭ بولىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا دۇكاننىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىسىز. ماقۇلمۇ؟ بىرلا ئېغىز گەپ قىلىسىڭىزلا بولدى. ماقۇل دەڭ!

ـــــ مېنىڭ خوجايىن بولغۇم يوق. ئاشۇ ئەتلەستىن كۆينەك كىيگۈم بار.

يىگىت يانچۇقىدىن چىرايلىق نەقىشلەنگەن موخوركا قۇتىسىنى چىقىرىپ بىر تال موخوركا ئورىدى. قولىدىكى موخوركىنى تۇتاشتۇرۇپ كۆچەپ ئىككى شورىۋالغاندىن كېيىن يېنىدىكى جىگدە دەرىخىنىڭ غولىغا تىركەپ ئۆچۈردى.

ـــــ مەن تېخى ‹‹ئۇمۇ ماڭا كۆيىدۇ ›› دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. سىزنىڭ مېنىڭ ئەمەس بەلكى دۇكىنىمدىكى ئەتلەسنىڭ كويىدا يۈرگەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام ئۆزەمنى قىيناپ، كېچە كۈندۈزلەپ سىزنى خىيال قىلىپ يۈرمەسكەنمەن...

ـــــ ھېلىمۇ ئۇنتۇپ كېتىڭ. بۈگۈنكى بۇ ئىشلار كۆرۈپ بولۇپلا ئەتىسى ئەسلىيەلمەيدىغان چۈشكە ھېساپ بولسۇن.

ـــــ ياق، مەن ئەمدى سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن. ئەمدى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان بولدۇم. چۈنكى، سىز مېنى ئارماندا قويىدىڭىز. تۇيغۇمنى ئالدىدىڭىز. ئەمما، مەن سىزنى كۆرگۈنۈم، سىزنى سۆيگىنىم ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆكۈنمەيمەن. ھازىر مەن ئىنتايىن خوشال. چۈنكى، سىزنىڭ پاكلىقىڭىز،

تېخى تويى قىلمىغان يىگىتىڭىزگە بولغان ساداقىتىڭىز مېنى قايىل قىلدى.

مەن ئىرادىڭىز، ساداقىتىڭىز، مۇھەببىتىڭىزگە بولغان ئىخلاسىڭىز ئالدىدا ئاجىز كەلدىم...

يىگىت ئۆزى ئۇچراتقان نۇرغۇن قىزلارنى ئەسلىدى. ئۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قىزلار، ئاشۇ تەنلەر ئۇنىڭ قەلبىنى بۇلغۇنكىدەك لەرزىگە سالالمىغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشنى، ئۇنىڭ دۆكىنىغا يېڭى كەلتۈرۈلگەن رەختلەرگە، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. يۈرىكىدە پۇل، مەنپەئەت، ئابرۇي، ھەشەمەتتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان، خالىغان چاغدا، خالىغان يېرىگە بېرىپ ئۇنى رازى قىلىشقا تەييار ئىدى.

بىراق بۇ قىزچۇ؟ كۆز ئالدىدا يەرگە قاراپ ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلىيالىغىنى ئۈچۈن بېشىنى تىككىدە تۇتۇپ ئولتۇرغان مۇنۇ قىزچۇ؟

ئۇنىڭغا ئۆزىگە نايناقلاۋاتقان، قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ ئەركىلەۋاتقان، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۈيەر ـ بۈيەرلىرىنى چىمداپ قوياۋاتقان ئاياللارنىڭ مەقستى ئېنىق ئىدى.

ئۇ ئۆزى بىلەن ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولۇشۇپ يۈرگەن قىز ـ چوكانلارنى، ئەخلاق، ئىپپەت ـ نومۇس كىرزىسى ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشاۋاتقان مۇنۇ قىزغا سېلىشتۇرۇۋىدى، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ھەئە، شۇ تاپتا ئۇ قىزغا تاڭماقچى بولغان شەھۋانى ھىسياتىدىن نومۇس قىلماقتا ئىدى.

قىز ماشىنىغا چىققان چاغدا ئۇ قىزنى كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا تاشلانغان بىر پارچە لوخ گۆش دەپ ئويلىغانىدى. بۇ گۆشنى قانداق يېيىشنى، ئالقىنىغا چۈشكەن قىزنى نەگە ئاپپىرىشنى، ئۇنىڭدىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى ئويلاۋاتقاندا، قىز ئۇنىڭغا قاراپ قاتتىق ۋاقىرىغان ئىدى. ئۇ ماشىنىنى توختاتقاندا قىز ماشىنىدىن چۈشمىدى. بۇ چاغدا ئۇ قىزنى «نازلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. كېيىن، قىزنىڭ يولغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى، چىرايىنىڭ گاھ قارىداپ، گاھ كۆكىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزنى « تۇنجى قېتىملىقى بولسا قورقۇۋاتقان چېغى »دەپ ئويلىغان ئىدى. مانا ئەمدى بولسا ئۇ تېخى بىر سائەت ئىلگىرى سۈرگەن ئەخمىقانە خىياللىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر كىيىملىك ئەتلەسكە قۇربى يەتمەيۋاتقان قىزنىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

« پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا » دىگىنى قۇرۇپ كەتسۇن! جاھاندا مەندەك بىر باينىڭ قولى يەتمەيدىغان شاپتۇلمۇ بولىدىكەن دېسە؟

يىگىت موخوركىدىن يەنە بىرنى ئورىدى. تاماكا ئاچچىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى بىلمەيتتى. قاچانلاردىن باشلاپ موخوركا چېكىۋاتقانلىقىنى،

نىمشقا بۇنچە ئاچچىق ئىسنى بولۇشچە شورايدىغانلىقنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم، تاماكا دىگەن مۇشۇنداق ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا چېكىدىغان نەرسىدۇ.

ـــــ ئەمدى قايتايلى، ـــــ دىدى قىز يىگىتنىڭ قولىدىكى تاماكىنى تارتىۋېلىپ، ـــــ تېخى ھېلىلا چەكتىڭىز، پۇلىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن...

قىزنىڭ كۆيۈنۈش تەلپۈزدا دىگەن بۇ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا قىز ئۇنى قىيناۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپىۋاتقاندەك، يۈرەك يارىسىنى تاتىلاۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ـــــ مىنى ئىگىز ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، نىمشقا كۆيۈنگەن قىياپەتكە كىرۋالىسىز؟ ماڭا كۆڭلىڭىزنى بەرمىگەندىكىن، مىنىڭ نىمە قىلىشىم بىلەنمۇ چاتىقىڭىز بولمىسۇن. مىنىڭ تاماكا چەككۈم كەلدى. مەن تاماكا چېكىمەن...

يىگىت قىزنىڭ قولىدىكى موخوركىنى قوپاللىق بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ تۇتاشتۇردى. تاماكا ئاچچىق ئىدى. تاماكا ئىسىدا قىزنى يۆتەل تۇتتى، كېيىن يىگىتمۇ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.

يىگىتنىڭ كۆز جىيىكىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچە ياشتا يەنە بىر دۇنيا زاھىر بولماقتا ئىدى.

ـــــ ئەكىلىڭ، مەن تۇتاشتۇرۇپ بېرەي.

ئۇنىڭ بېقىندا ياتقان قىز، ئۇنىڭ لېۋىدىكى تاماكىنى ئېلىپ لېۋىگە قىستۇرۇپ ئوت ياقتى.

ـــــ مەن سىزگە ئاشىق. ـــــ دەيتتى چوكان ئۇنىڭغا رومكىدىكى ھاراقنى تەڭلەپ، ـــــ قېنى، كۆتۈرۈۋېتەيلى، بەختىمىز ئۈچۈن، خوشاللىقىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى...

ـــــ ئېرىم سۈرۈشتۈرۈپ قالسا« نىسگە ئالغان » دەپ پۇلنى ئېلىۋېرىڭ، ـــــ دەيتتى ئۇنىڭ قوينىدا ياتقان يەنە بىر ئايال.

ـــــ ئېرىم بەكلا كۈنلەمچى. ئۆزۈم يالغۇز كوچىغا چىقىپ بىرەر نەرسە سېتىۋالسام كۆزلىرى پولتىيىپ كېتىدۇ...

ئۇ قىزغا قارىدى. قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن سەممىلىك بالقىپ تۇراتتى. قاپ ـ قارا تىنىق كۆزلەردىن ھاكاۋۇرلۇق، مۇغەمبەرلىك، ساختىلىق ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمايتتى. بۇ چىراي، بۇ كۆزلەر قارىغان كىشىگە بىرخىل ئىللىقلىق ۋە پاكلىق ئاتا قىلاتتى.

ـــــ كېلەركى يەكشەنبە دۇكانغا بېرىپ خالىغان رەختىڭىزنى بىر كىيىملىك ئېلىۋېلىڭ، ـــــ دىدى يىگىت بىردەمدىلا قاپىقىنى تۈرۈۋالغان ھاۋاغا قاراپ. نەلەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن قارلىغاچلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يەر بېغىرلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ـــــ رەھمەت، ماڭا ئۇ رەختىن بىر كىيىملىك ئېلىپ قويسىڭىزلا بولدى. كېلەر يەكشەنبە كۈنى ئاتامنى باشلاپ بېرىپ سېتىۋالىمەن...

يىگىت ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىپ قىزنى چىقارغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. قارلىغاچلا ماشىنا بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك پەس ئۇچۇشۇپ ۋىچىرلايتتى. ئۇلار ئالغۇدىن يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىدىغان مۇزىكا ياڭرايتتى. يىگىت بىلەن قىز يۈرىكىنى تىڭشىماقتا، ئىچكى دۇنياسىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالغاچ جىممىدە ئولتۇرۇپ تاتلىق خىياللىرىنى سۈرمەكتە ئىدى...

تۈگىدى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتېرىيالىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتورغا مەنسۇپ !!!
<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر ـ تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .
<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

شەندۇڭ ـ ـ ـ جىنەن